# جەڭ دۇمبىقىنى ياڭرىتىپ يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش، پاراخوتنى سالماق ھەيدەش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بېسىشنىڭ دەرىجىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈردى، تاشقى مۇھىت غايەت زور خىرىس ئېلىپ كەلدى. جۇڭگو ئىقتىسادى ئەسىردە ئاز كۆرۈلىدىغان ئۈچ قات ئېغىر زەربىگە دۇچ كەلدى.

بۇ بىر يىلدا شانلىق نەتىجىلەر پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، ۋەزىيەتكە توغرا ھۆكۈم قىلىپ، كۆڭۈل قويۇپ پىلانلاپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، كەسكىن ھەرىكەت قوللىنىپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، خەلق رازى بولغان، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقان، تارىخ بېتىگە يېزىشقا بولىدىغان جاۋاب قەغىزىنى تاپشۇردى.

«ھەرقانداق شەيئىنىڭ ياخشى ـ يامان تەرىپى بولىدۇ، پەقەت سىناپ كۆرگەندىلا بىلگىلى بولىدۇ؛ جاھاندىكى يوللار تەكشى ياكى ئېگىز ـ پەس بولىدۇ، بۇنى مېڭىپ باققاندىلا بىلگىلى بولىدۇ.» تېخىمۇ قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش پىلانلاش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش ئەمەلىيىتىدە، بىز كەسكىن خىرىس ئالدىدا ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە بولغان قانۇنىيەتلىك تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇردۇق: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خەتەرلىك، قىيىن پەيتتە قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلىشىنىڭ تۈپ تايانچى، خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش توغرا تاللاشنىڭ تۈپ ئالدىنقى شەرتى، تۈزۈم ئەۋزەللىكى ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقلارنى ئورتاق يېڭىدىغان قۇدرەتلىك كۈچنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ تۈپ كاپالىتى، ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەش ۋە ئىجادىي تاقابىل تۇرۇش كىرىزىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشنىڭ تۈپ ئۇسۇلى، پەن ـ تېخنىكىدا ئۆزىگە تايىنىش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ تۈپ تىرىكى.

بۇ «بەش تۈپ» يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگو ئىقتىسادىدىن ئىبارەت غايەت زور پاراخوتنى باشلاپ دولقۇن يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلىگەن يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسىتىنى تولۇق نامايان قىلىپ بەردى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىلگىرىلەش يولىدىكى خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارغا سالماق تاقابىل تۇرۇشتىكى پىشقان ئىقتىدارىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى، بۇ، بىزنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىزدىكى مۇھىم تونۇش نەزەرىيەسى ۋە مېتودولوگىيە.

دۇنيانىڭ ئىشلىرى مۇرەككەپ بولسىمۇ، جەڭ دۇمبىقىنى ياڭرىتىپ يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش، پاراخوتنى سالماق ھەيدەش كېرەك. چوڭ جەڭ، چوڭ سىناقتا يۈكسەلگەن ئىلمىي تونۇش شۈبھىسىزكى ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى غايەت زور كۈچكە ئايلىنىپ، ئىشەنچىمىزنى تېخىمۇ مۇستەھكەم، جەڭگىۋارلىقىمىزنى تېخىمۇ كۆتۈرەڭگۈ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، كەسكىن خىرىس ئالدىدا ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە بولغان قانۇنىيەتلىك تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى مەھكەم ئىگىلىسەكلا، چوقۇم ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىدە يېڭى تارىخىي ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى يارىتالايمىز!

ماقالىنىڭ تولۇق تېكىستى جەمئىي بەش قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، تەخمىنەن 9300 خەتتىن ئاشىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن جاۋ چۇجيۇ، مەتلىك سىيىت، قادىربېك قامزا پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ باشقا ئەزالىرى يازما پىكىر ئالماشتۇرۇش سۆزى تاپشۇردى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ مەزمۇنى يۈكسەك، ئىدىيەسى چوڭقۇر، ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول بولۇپ، ناھايىتى كۈچلۈك سىياسىيۋىلىككە، ئىدىيەۋىلىككە، نەزەرىيەۋىلىككە ئىگە، دائىم ئۆگىنىپ، دائىم يېڭىلاپ تۇرۇش، دائىم ئۆزلەشتۈرۈپ، دائىم يېڭىلاپ تۇرۇش كېرەك. ھۆكۈمەت پارتىيە گۇرۇپپىسى ۋە ھۆكۈمەت بەنگۇڭتىڭى پارتىيە گۇرۇپپىسى ھەم ھۆكۈمەت سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار ئۈزلۈكسىز تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىشتە چىڭ تۇرۇشنى ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈلگەن ماركسىزملىق مەيدان، كۆز قاراش، ئۇسۇللارنى تىرىشىپ ئىگىلەپ، ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىشقا كۈچەپ، تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش، ئۆگىنىشنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە يەنىمۇ كۈچەشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئالغا سىلجىتىش تارىخىي مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئاڭلىق زىممىگە ئېلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: «بايرىقى روشەن بولۇش، سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش» تەلىپىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، بولۇپمۇ يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىگە توغرىلىنىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، يولىيورۇق سوراش، دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، باشتىن ـ ئاخىر شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ توغرا يۆنىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ «ئۆگىنىش پائالىيىتىنى دائىملاشتۇرۇپ قانات يايدۇرۇش» تەلىپىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاڭلىق ھالدا يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى ئارقىلىق خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۆگىنىش نەتىجىسىنى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشتىكى ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئايلاندۇرۇش كېرەك؛ «توغرا سىياسىي نەتىجە قارىشى تۇرغۇزۇش» تەلىپىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆھپە يېزىشتا مەن بولمىساممۇ بولىدۇ» دېگەن مەنىۋى مەنزىل ۋە «تۆھپە قوشۇشتا چوقۇم مەن بولۇشۇم كېرەك» دېگەن سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشىش كېرەك؛ «سۈبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش» تەلىپىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يىغىن روھىنى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىدا تولۇق نامايان قىلىپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئېگەر ئاتتىن ئايرىلمايدىغان، چۇلۋۇرنى قويۇپ بەرمەيدىغان ئىرادە، تاش ـ تۆمۈردە ئىز قالدۇرغۇدەك چىدامچانلىق بىلەن، يىغىن روھىنىڭ پۇختا ئەمەلىيلىشىشى، ئىنچىكە ئەمەلىيلىشىشى، جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر شەۋكەت ئىمىن ئۆگىنىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى بىر تۈرلۈك ئۇزاق مۇددەتلىك مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا، قەلبلەرگە سىڭىشىشىگە، ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، يىغىن روھىنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى جەريانىغا پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش جەريانىدىكى فۇنكسىيەلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: 2021 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى، «14 ـ بەش يىل»نىڭ باشلىنىش يىلى، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چىڭ كۆزلەپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاقلىشىپ مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش، خەلقنى بېيىتىپ شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، پارتىيە رەھبەرلىكى، خەلق ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاچقۇچلۇق نۇقتىنى ئىگىلەپ، كىرىش نۇقتىسىنى توغرا تېپىپ، كۈچەش نۇقتىسىنى چىڭ تۇتۇپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىپ، نىزام چىقىرىش، نازارەتچىلىك، ۋەكىللەر قاتارلىق خىزمەتلەرنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ سەۋىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە كومىتېتى رەھبەرلىك قىلىدىغان، خەلق قۇرۇلتىيى يېتەكچىلىك قىلىدىغان، ھۆكۈمەت تايانچ بولىدىغان، جەمئىيەت قاتنىشىدىغان نىزام چىقىرىش خىزمىتى ئەندىزىسىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نىزامنى ئىلمىي چىقىرىپ، نىزامنى دېموكراتىك چىقىرىپ، نىزامنى قانۇن بويىچە چىقىرىپ، جەمئىيەت ئىدارە قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش، ئاممىۋى سەھىيە قاتارلىقلارنى نىزام چىقىرىشتىكى نۇقتىلىق ساھەلەر قىلىپ، نىزام چىقىرىش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ مەخسۇس ساھەلەرگە دائىر ئۆزئارا باغلىنىشلىق، ئۆزئارا ياندىش بولغان يەرلىك نىزام چىقىرىش، تۈزىتىش كىرگۈزۈش، بىكار قىلىش، ئىزاھلاش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك؛ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن نازارەتچىلىك خىزمەت ھوقۇقىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، تولۇق پايدىلىنىپ، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش، مەخسۇس دوكلاتنى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىش، مەخسۇس تېمىلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش قاتارلىق شەكىللەرنى ئۈنۋېرسال قوللىنىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ قاتتىقلىقى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك؛ دائىمىي كومىتېت، مەخسۇس كومىتېتلار، خىزمەت كومىتېتىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن ئالاقىلىشىشتىكى تۈرلۈك تۈزۈملەرنى يەنىمۇ ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى دائىمىي كومىتېت يىغىنىغا ۋە سۆھبەتكە سىرتتىن قاتنىشىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن ئالاقىلىشىشنى كۈچەيتىشكە تۈرتكە بولۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ «ئۆي، ئىشخانا، پونكىت» قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ۋەكىللەرنى تەربىيەلەش خىزمىتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ ـ تەۋسىيەلىرىنى بېجىرىشكە تاپشۇرۇش، ماسلاشتۇرۇش خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپىنى ئىز قوغلاپ ھەيدەكچىلىك قىلىپ بېجىرىشنى ياخشى تۇتۇپ، ۋەكىللەرنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن ئالاقە باغلىشىدىكى كۆۋرۈك ۋە ۋاستە بولۇشنى قوللاپ ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى ئۈزلۈكسىز مۇجەسسەملەش كېرەك.

جۇ خەيلۇن، لى شۆجۈن، ۋاڭ يۈمىڭ قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى، مۇتەللىپ قاسىم، بادەي، گۈلشات ئابدۇقادىر ئۆگىنىش يىغىنىغا قاتناشتى، دوڭ شىنگۇاڭ يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ يىل «14 ـ بەش يىل»نىڭ باشلىنىش يىلى، دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مۇساپىسىدىكى ئالاھىدە مۇھىم خاراكتېرگە ئىگە بىر يىل، پارتىيەمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى. بىڭتۇەن شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى، يېزا خىزمىتى يىغىنى، دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەت، بۇرچنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىپ، «14 ـ بەش يىل»دىكى خىزمەتلەرنى ياخشى باشلاشقا تۈرتكە بولۇشى كېرەك. كۈچەپ نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، توغرا سىياسىي يۆنىلىشنى چىڭىتىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى بىر تۈرلۈك ئۇزاق مۇددەتلىك مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، دائىملاشقان ئۆگىنىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش، قوللىنىشنى تۇتاشتۇرۇش، بىلىش، ئىشىنىش، قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بىڭتۇەن خىزمىتىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. كۈچەپ بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شىنجاڭ چوڭ ۋەزىيىتىگە مۇلازىمەت قىلىپ، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك بىر تاختا شاھمات، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش ئىددىيەسىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، تۈزۈلمە ـ مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەمكارلىشىش، ماسلىشىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. كۈچەپ ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، تەشكىللەش ئەۋزەللىكى ۋە سەپەرۋەرلىك ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. كۈچەپ جەنۇبقا قاراپ تەرەققىي قىلىشنى تېزلىتىپ، ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جەنۇبقا قاراپ تەرەققىي قىلىش يىرىك پىلانى پىروگراممىسىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. كۈچەپ ئالاھىدە قابىلىيەتنى چېنىقتۇرۇپ، مۇقىملىقنى قوغداش، چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، بىڭتۇەن تەۋەلىكىدىكى رايونلارنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. كۈچەپ ئۈنۋېرسال ئەمەلىي كۈچنى زورايتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە پائال سىڭىشىپ، تىرىشىپ ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. كۈچەپ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، رەھبەرلىك بەنزىسى، كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قوشۇنى ۋە ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى بىڭتۇەن خىزمىتىنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك. كۈچەپ «14 ـ بەش يىل»نى باشلاپ، تىرىشىپ ئىشنى ياخشى باشلاپ، قەدەمنى ياخشى ئېلىپ، «14 ـ بەش يىل»لىق خىزمەتلەرنى ئىلمىي، ياخشى پىلانلاپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، كۈچەپ ئەبەدىي ئەمىنلىككە مۇناسىۋەتلىك نۇقتىلىق خىزمەتلەردە يېڭى ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

ۋاڭ جۈنجېڭ مۇنداق كۆرسەتتى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى ۋە جەنۇبقا قاراپ تەرەققىي قىلىشىدىن ئىبارەت «ئىككى مۇھىم نۇقتا»نى ئىگىلەپ، قەتئىي تەۋرەنمەي مۇقىملىقنى قوغداش، چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، بىڭتۇەننىڭ جەنۇبقا قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىسلاھاتنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، يېڭىچە شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، ئېكولوگىيە بىخەتەرلىك توسۇقىنى مۇستەھكەم قۇرۇپ، قەتئىي تۈردە بىڭتۇەننىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىدا بېكىتىلگەن تۈرلۈك ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپىلەرنىڭ دەل جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، بىڭتۇەننىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى، بۇرچىنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلىش، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مۇلازىمەت قىلىش، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك.

بىڭتۇەن پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن كۈڭ شىڭلۇڭ، لى شىنمىڭ، خالمۇرات ئابدۇراخمان، شاۋ فېڭ، لىيۇ جيەنمىڭ، مۇتەللىپ مەتتوختى، ياۋ شىنمىن، جاڭ يۇڭ، لى پىڭ، لۇ شۇپىڭ، لى جىدۇڭ، جۇڭ بو يىغىنغا قاتناشتى.